## 20953 ـ نامازدا دۇئانى ئەرەبچىدىن باشقا تىلدا قىلىشنىڭ ھۆكمى

### سۇئال

نامازدا تەشەھھۇدتىن كېيىنكى ھەمدە سۈننەتتە مەۋجۇت دۇئانى ئەرەبچىدىن باشقا تىلدا قىلىشقا بولامدۇ ؟ قۇرئاندا تېپىلىدىغان ، سۈننەتتە تېپىلمايدىغان دۇئا بىلەن دۇئا قىلساق بولامدۇ ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن

بىرىنچى :

ئەگەر نامازخان دۇئانى ئەرەب تىلى بىلەن بەلەن قىلالىسا ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا تىل بىلەن دۇئا قىلىشى دۇرۇس ئەمەس .

لىكىن ئەگەر نامازخان دۇئانى ئەرەبچە بىلەن قىلىشتىن ئاجىز كەلسە ، ئۇنداقتا ئۇ ئۆز تىلى بىلەن دۇئا قىلىشتىن توسۇلمايدۇ ، شۇ جەرياندا ئۇ ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىدۇ .

ناماز سىرتىدا ئەرەبچىدىن باشقىسى بىلەن دۇئا قىلىشقا كەلسەك ، ئۇنىڭغا ھېچنىمە بولمايدۇ ، بولۇپمۇ ئۇ نامازخاننى دۇئاسىغا تىنخىمۇ دىققىتىنى يىغىدىغان بولسا .

ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىيە مۇنداق دىگەن :

دۇئانى ئەرەب تىلى بىلەن ، ۋە باشقا تىللار بىلەن قىلىش دۇرۇس . ھەمدە ئاللاھ دۇئا قىلغۇچىنىڭ مەقسىتى ۋە كۆزلىگىنىنى بىلىدۇ ،مەيلى ئۇ قايسى تىلدا سۆزلىسۇن ، چۈنكى ئۇ ھەر تۈرلۈك ھاجەتلەرنى ھەر خىل تىللار بىلەن سوراۋاتقان ھەممە ئاۋازلارنى ئاڭلايدۇ . . .

"مجموع الفتاوى " ( 22 / 488 – 489)

يەنە بۇ 3471– ، 11588– سۇئاللارنىڭ جاۋابىغا قاراڭ .

ئىككىنچى :

قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان دۇئالار ، ھەتتا ئۇلار سۈننەتتە تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ ئۇلار بىلەن دۇئا قىلىشتىن توسۇلمايدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ۋە توغرا يولنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ دۇئالىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى بىز قۇرئاندىن بىلدۇق ، شەكسىزكى ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئەڭ پاساھەتلىك ۋە ئەڭ مول مەنىگە ئىگە دۇئالار .

ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىيە مۇنداق دىگەن :

كىشىلەر كىتاب ۋە سۈننەت ئېلىپ كەلگەن بەلگىلەنگەن دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىشى لازىم ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە

بەلەنلىكىدە ، ھەمدە ئۇنىڭ توغرا يول ئىكەنلىكىدە شەك يوق . ھەمدە ئىسلام ئالىملىرى ۋە ئىماملار بەلگىلەنگەن دۇئالارنى تىلغا ئېلىشتى ، ھەمدە يېڭى دۇئالاردىن يۈز ئۆردى ، شۇڭا بىز ئۇنىڭدا ئۇلارغا ئەگىشىشىمىز كېرەك . "

“مجموع الفتاوى “(1 / 346 و 348)

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .